# تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ جەلپكار گۈزەل شىنجاڭغا كېلىپ ساياھەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن

□ يوپۇرغا ناھىيەسىدىكى تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى نىجات مۇختەر

مېنىڭ ئىسمىم نىجات مۇختەر، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يوپۇرغا ناھىيەسىدىن، ئىلگىرى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن ئېغىر يۇقۇملىنىپ، قانۇنغا خىلاپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە چېتىلىپ قالغانىدىم.

2011 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى دوستۇم ماڭا خۇپىيانە ھالدا كەنتتە «ناھايىتى مەنىلىك» بىر جاينىڭ بارلىقىنى، بارسام چوقۇم ياقتۇرۇپ قالىدىغانلىقىمنى ئېيتتى. ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا مېنى ئېلىپ ئەگرى ـ بۈگرى يوللاردا ماڭغۇزۇپ يوشۇرۇن بىر سورۇنغا ئېلىپ باردى. كىرىپ قارىسام، نۇرغۇن كەنت ئاھالىسى يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئالدىدىكى كىشىنىڭ سۆزلىرىنى تەقۋادارلىق بىلەن ئاڭلاۋېتىپتۇ. قۇلاق سېلىپ ئاڭلىسام، ئۇلار مۇنداق دېيىشىۋېتىپتۇ: «دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنىڭ ھەممىسى ‹كاپىر›، ‹كاپىر›لارنى ئۆلتۈرگەنلەر جەننەتكە كىرىدۇ. جەننەتتە نېمە دېسە شۇ بار.» شۇنىڭدىن كېيىنكى يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، مۇشۇنداق مەزمۇنلارنى كۆپ قېتىم ئاڭلىدىم، شۇنداقلا ئەڭ دەسلەپكى ئىشەنمەسلىكتىن بىر ئىشىنىپ بىر ئىشەنمەسلىككە، ئاندىن پۈتۈنلەي ئىشىنىشكە ئۆتتۈم، كاللام يۇيۇلدى. يىرگىنىشلىك دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى مېنىڭ قېنىمغا سىڭىپ كىرىپ، روھىمنى تىزگىنلەپ، مېنى ئىدارە قىلىۋالدى، مەن «غازات يولىدا شېھىت» بولغانلارغا چوقۇنىدىغان بولدۇم، ئۇلارنى باتۇر «جەڭچى» دەپ قاراپ، ئۆزۈمنىڭمۇ «غازات قەھرىمانى» بولۇشۇمنى خىيال قىلدىم.

2012 ـ يىلى 11 ـ ئايدا مەن ھازىرقى خوتۇنۇم بىلەن تونۇشتۇم، ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ تەسىرىدە، توي خېتى ئېلىش مۇسۇلمانچە ئەمەس دەپ قاراپ، ئاتالمىش «دىنىي زات»نى چاقىرىپ ئايەت ئوقۇتۇپلا توي قىلدىم. ئايەت ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، مېنىڭ كاللام ئايەت ئوقۇغۇچىنىڭ «كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش، كۆپرەك غازات جەڭچىلىرىنى تەربىيەلەش» دېگەن سۆزلىرى بىلەن تولدى، پۈتۈن خىيالىم خوتۇنۇمنىڭ كۆپرەك بالا تۇغۇشىدىلا ئىدى. ئۈچىنچى بالام تۇغۇلغاندا خوتۇنۇمنىڭ سۈتى يېتىشمەي مېنىڭ قۇۋۋەت يېمەكلىكلىرىنى سېتىۋېلىشىمنى ئېيتتى، ئەمما مەن خوتۇنۇم «كاپىر»لار ئىشلەپچىقارغان نەرسىنى يېسە قانداق بولىدۇ؟ دەپ ئويلىدىم.

ئاتالمىش «دىنىي زات» ماڭا باشقىلار چوقۇنىدىغان «قەھرىمان» بولۇش ئۈچۈن، «غازات» ئۈچۈن كۆپرەك مەبلەغ توپلىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن تىرىشىپ ئىشلىدىم، تاكسى ھەيدىدىم، توخۇ قورۇدىقى دۇكىنى، كالا گۆشى ئۆگرىخانىسى، بىليارتخانا، مۇز تېيىلىش مەيدانى ئاچتىم.

تاكسى ھەيدىگەن ۋاقتىمدا، مەن ھەر قېتىم مودا كىيىنگەن كىشىلەرنىڭ قولىنى پۇلاڭلىتىپ ماشىنا توسۇغىنىنى كۆرسەم، ئۇلاردىن بىزار بولۇپ، كۆرسەممۇ كۆرمەسكە سالاتتىم، ھەتتا تاكسى بىلەن سوقۇۋېتىش نىيىتىگىمۇ كەلگەنىدىم.

توخۇ قورۇدىقى دۇكىنى، كالا گۆشى ئۆگرىخانىسى ئاچقان مەزگىلدە، مەن ئەزەلدىن «كاپىر»لارغا قاراپمۇ قويمايتتىم، بەزىدە ھەتتا يامان گەپلەرنىمۇ قىلىپ قوياتتىم. بىر قېتىم، دۇكانغا توخۇ قورۇدىقى يېيىشكە بىرنەچچە خەنزۇ مېھمان كەلدى، ئۇلارنىڭ «كاپىر» ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، دۇكاننى تاقايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. مېھمانلار دۇكاندا نۇرغۇن ئادەمنىڭ تاماق يەۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئەمما مەن ئۇلارغا سېتىپ بەرمىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە پوزىتسىيەم ناچار بولغاچقا، ۋارقىرىشىپ قالدۇق. مەن ئاچچىقىمنى باسالماي دۇكاندىكى چەيدۇنى ئېلىپ ئېتىلىپ بېرىپ ئۇلارنى چانىماقچى بولدۇم. باشقىلار توسۇۋالدى، مەن يەنە ئۇلارنى مۇنداق دەپ تىللىدىم: «مەن سىلەردەك ‹كاپىر›لارغا تاماق ساتمايمەن، ھامان بىر كۈنى سىلەرنى چاناپ ئۆلتۈرىمەن».

دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىدە، مېنىڭ روھىي ھالىتىم ئىنتايىن ناچارلىشىپ، بىكىنمە ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، ئالاقىلىشىش دائىرەم بارغانسېرى تارايدى، «كاپىر» قوشنىلار بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىشنى خالىمايدىغان بولدۇم، تۈرلۈك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشنى خالىمايدىغان بولدۇم، خوتۇنۇمنى گىرىم قىلدۇرمىدىم، بالام ئاغرىپ قالسىمۇ دوختۇرخانىغا ئاپارمىدىم. كېيىن مەن ئۆزۈمنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن ئېغىر دەرىجىدە يۇقۇملانغانلىقىمنى، قىلمىشىمنىڭ قانۇنغا خىلاپ جىنايەتكە چېتىشلىق بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدىم.

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئۆگىنىش جەريانىدا، مەن قانۇن لېكسىيەسىنى ئاڭلاپ، قانۇن تەشۋىقات فىلىملىرىنى كۆرۈپ، ئاستا ـ ئاستا خۇدىمنى تاپتىم. كېيىن يەنە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق، تېررورچىلار پەيدا قىلغان زوراۋانلىق جىنايەت دېلولىرىنىڭ ھەممىسى قانلىق بولۇپ، كىشىنى غەزەپلەندۈرەتتى، مەن چۆچۈدۈم، ۋىجدانىممۇ ئەيىبلەندى.

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە، مەن يەنە دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى ئۆگەندىم، ھازىر مەن دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىدا راۋان پىكىر ئالماشتۇرالايدىغان بولدۇم.

«ئىدىيە ـ ئەخلاق دەرسى» ۋە «ئۆيلىنىش قانۇنى»نى ئۆگىنىش ئارقىلىق، مەن ئەرلەر ئۈستۈنلۈكى مەسلىكى ئىدىيەسىنى ئۆزۈل ـ كېسىل ئۆزگەرتىپ، خوتۇنۇمغا قانچىلىك ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىقىمنى ھېس قىلدىم، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە ئەر ـ ئاياللارنىڭ باراۋەر بولىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئەر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، خوتۇنۇمنى ھۆرمەتلىشىم كېرەك ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. مەن خاتالىقىم ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدىم، قەلبىم خوتۇنۇمغا بولغان خىجىللىق ھېسسىياتىغا تولدى. بىر كۈنى دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن، مەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن خوتۇنۇمغا تېلېفون بېرىپ، ئۇنىڭدىن سالامەتلىكىڭىز قانداقراق؟ پۇلدىن قىسىلىۋاتامسىز؟ دەپ سورىدىم. مەن تۇنجى قېتىم ئۇنىڭغا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن مۇنداق دېدىم: «ئىككىمىز توي قىلغىلى شۇنچە ئۇزاق بولدى، سىزنى ئۇۋالچىلىققا قويدۇم، ئىلگىرى مەن خاتا قىپتىمەن، جاپا چەكتىڭىز، مەن سىزگە بىر ئۆمۈر ياخشى مۇئامىلە قىلىمەن». شۇ ھامان، مەن تېلېفوننىڭ ئۇ تەرىپىدىن كەلگەن خوتۇنۇمنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. شۇ قېتىم خوتۇنۇم بىلەن تېلېفونلاشقاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغان، كۆيۈنىدىغان بولدۇم، خوتۇنۇممۇ ماڭا گەپ قىلغاندا بۇرۇنقىدىن كۆپ مۇلايىم بولۇپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىمىز ئېجىل ـ ئىناق بولۇپ، ئائىلىمىز كۈلكە ـ چاقچاققا تولدى. ماڭا ئايانكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى تەربىيەلەش مەركىزىنىڭ تەربىيەسى ئىدىيەمنى ئۆزگەرتكەنلىكى، خوتۇنۇمغا بولغان پوزىتسىيەمنى ئۆزگەرتكەنلىكى، بەختلىك ئائىلىگە قايتىدىن ئېرىشتۈرگەنلىكىدىن بولغان.

ئۆگىنىش مەزگىلىدە، ھەر قېتىم ھەپتە ئاخىرىدا ئۆيگە قايتقاندا، خوتۇنۇم دائىم ناھايىتى خۇشال ھالدا ماڭا مەھەللە كادىرلىرىنىڭ ئائىلىمىز ئۈچۈن قىلىپ بەرگەن ياخشى ئىشلىرىنى، ئائىلىمىزدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ھەم ئۆزىنىڭ تېز يەتكۈزۈش كەسپى توغرىلىق سۆزلەپ بېرەتتى. خوتۇنۇمنىڭ كۈلكە يېغىپ تۇرغان چىرايىنى كۆرۈپ، ئىلگىرى ئۇنىڭغا ۋە باللىرىمغا ناھايىتى سوغۇق مۇئامىلە قىلغانلىقىمنى، ئەزەلدىن ئۇنىڭغا بىرەر قۇر كىيىم ئېلىپ بەرمىگەنلىكىمنى، باللىرىمغا بىرەر ئويۇنچۇقمۇ ئېلىپ بەرمىگەنلىكىمنى ئويلىسام، كۆڭلۈم بەك يېرىم بولىدۇ.

2019 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، مەن تەربىيەلەش مەركىزىدىكى تەربىيەنى تاماملىدىم. ھازىر مەن كەلگۈسىگە تولۇق ئىشەنچ باغلىدىم. بۇ ئىككى يىلدا قەشقەرگە كېلىپ ساياھەت قىلىدىغانلار، مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت قۇرىدىغانلار، كارخانا قۇرىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى، مەن چوقۇم خوتۇنۇمغا ياردەملىشىپ تېز يەتكۈزۈش شىركىتىنى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرۇپ، يەنە شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە تائاملىرى ئاشخانىسى ئېچىپ، كۈنلىرىمنى تېخىمۇ ياخشى ئۆتكۈزىمەن، تېخىمۇ كۆپ كىشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىنى جەلپكار گۈزەل شىنجاڭغا كېلىپ ساياھەت قىلىشقا جەلپ قىلىمەن!

# مەن يۇرتۇمدىكى ئاچا ـ سىڭىللىرىمنى گۈزەللەشتۈرىمەن

□ قاراقاش ناھىيەسىدىكى تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى تۇنسا مەتروزى

مەن 2018 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تەشەببۇسكارلىق بىلەن خوتەن ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگىنىشكە قاتنىشىشنى ئىلتىماس قىلدىم. ئەينى چاغدا مۇنداق بىرنەچچە تەرەپتىكى سەۋەبلەر بار ئىدى: بىزنىڭ كەنتتە بۇنىڭدىن بۇرۇن تەلىم ـ تەربىيەگە قاتناشقان بىرنەچچە تەربىيەلەنگۈچى تەربىيەنى تاماملاپ ئۆيىگە قايتقاندا، كۆپچىلىك ئۇلاردىكى ئۆزگىرىشنىڭ ناھايىتى زورلۇقى، پاكىز ھەم روھلۇق بولۇپ كەتكەنلىكى، ئەزەلدىن دۆلەت ئورتاق تىلدا سۆزلىشەلمەيدىغانلارنىڭمۇ سۆزلىشەلەيدىغان بولغانلىقىنى كۆرۈپ، يۇرتداشلارنىڭ ھەممىسى تەلىم ـ تەربىيە ئۆگىنىشكە قاتنىشىش ناھايىتى ياخشى ئىش ئىكەن، دەپ ھېس قىلىشتى. يەنە بىر تەرەپتىن، مەن ئۆزۈمدە دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ ساقلانغانلىقىنى، جەزمەن تەربىيەنى قوبۇل قىلىشىم كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم.

2013 ـ يىلى، مەن قاراقاش ناھىيەلىك كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن. مەكتەپتە گىلەم توقۇش كەسپىنى ئۆگەنگەن بولساممۇ، بىراق بازار ئانچە ياخشى بولمىغاچقا، ماڭا قىلىدىغانغا ئىش چىقماي، 20 ياشقا كىرمەيلا توي قىلدىم. ئەينى چاغدا قوشنىمىزنىڭ ئۆيىگە دائىم نۇرغۇن كىشى توپلىشاتتى، كەنتتە مەسچىت بولسىمۇ ئۇلار بارماستىن، بەلكى ئۆيگە توپلىشىپ ناماز ئوقۇيتتى، يەنە بىز كۆرگەن خەنزۇلارنىڭ ھەممىسى «كاپىر»لار، ئۇلار ياسىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانچە ئەمەس، «كاپىر»لارنىڭ شەپقىتىنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ، يۈرەكلىك ھالدا «كاپىر»لارغا قارىتا «غازات» قىلىپ، ئاللاھقا تەقۋادارلىق ۋە ساداقىتىنى بىلدۈرۈش كېرەك، دەپ ئېيتتى… شۇ چاغدىن باشلاپ، بەزى ئەسەبىي ئىدىيەلەر مېنىڭ كاللامدا يىلتىز تارتتى. مەن بارغانسېرى بېكىنىۋېلىپ، ئۆيدىن ئىنتايىن ئاز چىقىدىغان بولۇپ قالدىم، ئۆيدىن چىققاندا باشقا مىللەتتىن بولغان كىشىلەرنى ئۇچراتساملا ئۇلارنى قوغلاپ تىللايدىغان، ئۇرىدىغان بولدۇم.

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە كەلگەندىن كېيىن مەن خۇددى تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىلەر ئېيتقانغا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايقىدىم: تاماققا، يېتىپ ـ قوپۇشقا پۇل ئالمايدىكەن، بارلىق ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىغىمۇ پۇل خەجلىمەيدىكەنمىز، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى، دۆلەت قانۇن ـ نىزاملىرىنى ئۆگىنەلەيدىكەنمىز، يەنە بىر تۈرلۈك ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىنى ئۆگىنەلەيدىكەنمىز. مەن كۆپچىلىكنىڭ مەكتەپتە ھەر كۈنى ناھايىتى خۇشال ـ خۇرام ئۆتىدىغانلىقىنى، ئۆگىنىش ۋە ھەر خىل مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە خۇشاللىق بىلەن قاتنىشىدىغانلىقىنى كۆردۈم. مەن تىكتاك توپ ئويناشنى ياخشى كۆرىمەن ھەم دائىم ئوغۇل ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىللە ئوينايمەن. ھەر كۈنى سەھەردە ۋاقتىدا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، يۈگۈرۈش قاتارلىق ئەتىگەنلىك چېنىقىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىمەن، ناشتىدىن كېيىن دەرس باشلىنىدۇ. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن بىر دەم ئۇخلىغىلى بولىدۇ، چۈشتىن كېيىن داۋاملىق ئۆگىنىمەن ھەم ئۆزۈم قىزىقىدىغان مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىمەن. ھەر كۈنى دەرس ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تەربىيەلەنگۈچىلەر ئۆزى قىزىقىدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ، ۋاسكېتبول، تىكتاك توپ، پەي توپ ۋە بىليارت ئوينايدىغانلار بار، خەلقئارا شاھمات، قورشاۋ شاھمات ئوينايدىغانلار بار، يەنە، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينايدىغانلار ۋە رەسىم سىزىدىغانلار بار، تۇرمۇشىمىز ئىنتايىن رىتىملىق بولۇپ، كۆپچىلىك خۇشال ـ خۇرام ئۆتتۇق، ھەربىر كۈننى قەدىرلىدۇق. ئوقۇتقۇچىلار بىزگە ياخشى تازىلىق ئادىتى ۋە كىشىلەرگە ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆگەتتى، ئىلگىرى بىز بۇلارنى ئۆيىمىزدە ئۆگىنىشكە ئامالسىز ئىدۇق.

(ئاخىرى 12 ـ بەتتە)

# ئەينەك سودىسىنى بارغانسېرى ياخشى قىلىمەن

□ خوتەن ناھىيەسىدىكى تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى شىرئەلى روزئايىت

مېنىڭ ئىسمىم شىرئەلى روزئايىت، 29 ياش، ئۆيۈم خوتەن ناھىيەسىدە. مېنىڭ بىر ئۇنتۇلغۇسىز تەلىم ـ تەربىيە تۇرمۇش كەچۈرمىشىم بار، كۆپچىلىككە سۆزلەپ بېرىشنى خالايمەن.

مېنىڭ دادام روزئايىت ئەمرۇللا بۇ يىل 52 ياش، دادام مەن ناھايىتى كىچىك ۋاقتىمدىن باشلاپلا سودا قىلىشقا باشلىغان، خوتەن شەھىرىدە دۇكان ئاچقان، دائىم ئۆيگە قايتمايتتى. ئاپام ھۆرنىسا مەممەت بۇ يىل 50 ياش، تېنى ئاجىز، كېسەلچان. ئۇلار ياش ۋاقتىدا ماڭا يەنە بىرنەچچە ئىنى ياكى سىڭىل تۇغۇپ بېرىشنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاپامنىڭ سالامەتلىكى ناچار بولغاچقا ئىزچىل ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىغان ئىكەن. ئاپام 46 ياشقا كىرگەندە، يەنى تۆت يىل ئىلگىرى ئاپام ماڭا بىر ئىنى تۇغۇپ بەردى، ئىنىم بۇ يىل كەنت يەسلىسىگە كىردى.

دادامنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى يېتەرلىك بولمىغاچقا، مېنىڭ باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى نەتىجەم ياخشى ئەمەس ئىدى، بولۇپمۇ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى دەرسى ئۆتۈلسىلا دەرستىن قېچىپ ئويناپتىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن تولۇقسىزنى پۈتكۈزگەندە مەن پەقەت «ياخشىمۇسىز» دېگەندەك ئاددىي سۆزلەرنىلا قىلالايتتىم.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ۋاقتىمدا، مەن دائىم تورخانىغا بېرىپ تورغا چىقاتتىم، دائىم ئىسمىنىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان بىر قىسىم تور بېكەتلىرىگە كىرەتتىم، پەقەت كۆرۈنۈشى چىرايلىق بولسىلا، كىرىپ كۆرۈشنى ياخشى كۆرەتتىم، كېيىن بىر قىسىم ئۇيغۇرچە زوراۋانلىق، تېررورلۇققا ئائىت سىنلارنى بايقىدىم، بۇلار مېنى دەرھال جەلپ قىلدى. ئاساسىي مەزمۇنى «دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشقا بولمايدۇ، دۆلەت بەرگەن تۈرلۈك ياردەم پۇللىرىنى ئېلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى بۇ نەرسىلەر مۇسۇلمانچە ئەمەس، داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىشقا بولمايدۇ»… بۇ گەپلەردىن قايمۇقۇپ قالدىم، كۆرگەنسېرى كۆرگۈم كەلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، دۆلەت كادىرلىرى، ھەتتا كەنت كادىرلىرى ئۆيۈمگە كەلسە مەن ئۇلارنى تىللىدىم، ئۇلارنى قوغلىدىم. مەن دۆلەتنىڭ ھەرقانداق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى رەت قىلدىم، تۈرلۈك ياردەم تولۇقلىمىسىنى قوبۇل قىلمىدىم، ئائىلەمدىكىلەرنى ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتناشتۇرمىدىم، گەرچە بىزنىڭ ئۆي خەتەرلىك ئۆيگە ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆي سېلىشنى خالىمىدىم، ئۇ پۇلنى مۇسۇلمانچە ئەمەس دەپ قارىدىم.

كەنت كادىرلىرى مېنىڭ نورمالسىز قىلمىشلىرىمنى كۆرۈپ مەن بىلەن سىرداشتى، سۆزلەشتى، شۇنداقلا ماڭا قانۇندىن لېكسىيە سۆزلىدى. دەسلەپتە مەن ئۇلارغا ئازراقمۇ ئىشەنمىدىم. كېيىن ئاپام ئاغرىپ قالدى، مەن ئەسلىدە ئاخۇننى ئەكېلىپ ئوقۇتۇپ ئاپامنى ساقايتاي دەپ خىيال قىلغانىدىم، قوشنىمىز جىددىيلەشكەنچە مۇنداق دېدى: «ئۇنداق قىلسا ياخشى بولۇپ قالامتى؟ دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالىتىشىمىز كېرەك.» ۋاقتىدا ئاپىرىلغانلىقى ئۈچۈن ئاپامدا چوڭ چاتاق چىقمىدى. مۇشۇ ئىشتىن كېيىن مەن كەنت كادىرلىرىنىڭ ماڭا قىلغان سۆزلىرىنى ئويلىنىشقا باشلىدىم، داۋلىسى باردەك ھېس قىلدىم. كېيىن كەنت كادىرلىرىنىڭ نەسىھەت قىلىشى، شۇنداقلا ئائىلەمدىكىلەرنىڭ قوللىشى ۋە مەدەت بېرىشى بىلەن 2018 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى خوتەن ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە ئۆگىنىشكە باردىم.

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە ئەمدىلا كىرگەن چاغدا، مۇئەللىم ۋە باشقۇرغۇچى كادىرلار مېنى قايتا ـ قايتا ئىزدەپ مۇڭدىشىپ، ماڭا ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ زەھرىنى تەپسىلىي تەھلىل قىلىپ بەردى. مەن ئاستا ـ ئاستا كۆڭلۈمنى توختىتىپ، دەسلەپكى چاغدىكى گۇمانلىنىشتىن، سىناپ ئۆگىنىشكىچە، يەنە پۇرسەتنى قەدىرلەشكىچە، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى ۋە تۈرلۈك قانۇن ـ نىزاملارنى ئەستايىدىل ئۆگەندىم ھەم كىچىكىمدىن ياخشى كۆرىدىغان ئۇسسۇل دەرسىنى ئۆگىنىشكە قاتناشتىم. راست گەپنى ئېيتسام، مەن ئاشۇ ئەسەبىي ئىدىيەلەر بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىممۇ، ئۇسسۇل ئويناشنى بەكمۇ ئۆگەنگۈم بار ئىدى، لېكىن ئەينى چاغدا ئۇسسۇلغا بولغان ھاياجىنىمنى بېسىۋېلىپ، چىداپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولغانىتىم.

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە، مەن دادىللىق بىلەن ھەر خىل ئۇسسۇللارنى ئويناشقا باشلىدىم، بىزنىڭ مىللىي ئۇسسۇلىمىز بار، تانسا بار، يەنە جىڭجۇ تىياتىرىدىكى چامباشچىلىق ھەرىكەتلىرىمۇ بار. كۆپچىلىك مېنى ناھايىتى ياخشى ئوينىدى دەپ قاراپ، سانسىزلىغان چاۋاكنى ماڭا سوۋغا قىلدى. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى ھەربىر كۈننى مەن خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزدۈم. بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ، بېشىمدىن ئايىغىمچە، ئىچىمدىن تېشىمغىچە ئۆزگەردىم.

2019 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، مەن تەربىيەنى تاماملىغان ئاشۇ كۈنى، ئۆيگە قايتىپ ئاپامغا يۈزىنى يۇيىدىغان سۇ ئەكېلىپ بەردىم، يەنە تۇنجى قېتىم ئۇنى ئۆۋۈلاپ قويدۇم. ئاپام بۇنى كۆرۈپ ھاڭۋېقىپ قالدى، ئاۋۋال يىغلاپ، ئاندىن كۈلدى، ئارقىدىن يەنە يىغلاپ ئاندىن يەنە كۈلدى. شۇ كۈندىكى مەنزىرىنى مەن بىر ئۆمۈر ئۇنتۇمايمەن.

ئىلگىرى مەن ئاشقا تەييار، ئىشقا ھەيىيار ئىدىم، دۆلەت كادىرلىرىنى تىللايتتىم، كۈنبويى سىرتلاردا لاغايلاپ يۈرەتتىم، ئىش قىلىپ پۇل تېپىش ئويىغا تۇرسۇن، يەنە ئايالىمنى سىرتقا چىققىلى قويمايتتىم. ئۆيگە قايتىپ كەلسەملا، ئۇنىڭغا ۋارقىراپ، ئۇنى دەرھال يەيدىغان نەرسە تەييارلاشقا بۇيرۇيتتۇم، ئاستىراق بولۇپ قالسا بولمايتتى، مەن رازى بولمىساملا، ئۇنى تىللايتتىم، ھەتتا ئۇنى ئۇراتتىم. ھازىر ئويلىسام، ھەقىقەتەن ھازىرقى زامانىۋى جەمئىيەتتىكى ئەر كىشىگە ئوخشىماي قاپتىمەن. ھازىر ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، خوتۇنۇم بىلەن بىللە ئۆي ئىشلىرىنى قىلىمەن، ئۇ تاماق ئەتسە مەن كۆكتاتلارنى يۇيۇشۇپ بېرىمەن، يەنە قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيىمەن، ئۇ مېنى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپسىز دەيدۇ، ئۇچرىغانلا ئادەمگە مېنىڭ ياخشى گېپىمنى قىلىدۇ.

مەن تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، دادامغا ياردەملىشىپ ئەينەك دۇكىنىنىڭ سودىسىغا قارىشىپ بېرىشكە باشلىدىم، پۈتۈنخۇادا دۇكانغا كەلگەن خېرىدارلار بىلەن سودىلاشتىم، سودىمىز بۇرۇنقىدىن كۆپ ياخشى بولۇپ كەتتى، دادام خۇشاللىقىدىن ئاغزىنى يۇمالماي قالدى. ھازىر مەن دوستۇم بىلەن شېرىكلىشىش توغرىسىدا سۆزلىشىپ، بىر ئەينەك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇپ، دادامنىڭ سودىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىشكە، تېخىمۇ ياخشى قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىمەن.

ئاخىرىدا دەيدىغىنىم: پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ماڭا مۇشۇنداق ياخشى ئۆگىنىش پۇرسىتى بەرگەنلىكىگە كۆپ رەھمەت، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە ئۆگىنىش ئارقىلىق مەن نۇرغۇن بىلىم ۋە ماھارەت ئۆگەندىم، ئۆزۈمنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق پۇل تېپىپ ئاتا ـ ئانامغا ۋاپادارلىق كۆرسىتىمەن، ئۇلارغا ياخشى يېمەكلىكلەرنى، چىرايلىق كىيىملەرنى ئېلىپ بېرىمەن، قىزىم بىلەن ئوغلۇمنىمۇ ياخشى تەربىيەگە ئىگە قىلىمەن.